# 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

## ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىدىن ئاسپىرانتلار مائارىپىغىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى سىستېمىسى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىرمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى(ناھىيە بازىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئۈچ يىل يەسلىگە كىرىشى ئۈچۈن يىلىغا ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئوتتۇرىچە 2800 يۈەن خىراجەت كاپالىتى بەردى؛ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا، «ئىككى كەچۈرۈم، بىر ياردەم» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا ئوقۇش پارچە خىراجىتى ۋە دەرسلىك كىتاب خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى. 2019 - يىلى كۆزلۈك ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئوقۇغۇچىلار، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلمىگەن ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار مېيىپ ئوقۇغۇچىلار، يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلار، يېزىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولۇپ قۇتقۇزۇلىدىغان - ياردەم بېرىلىدىغان، بېقىلىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت تۆت تۈردىكى ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ياتاقتا ياتمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا، «ئۈچ كەچۈرۈم، بىر ياردەم» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پارچە خىراجىتى، ياتاق ھەققى، ئوقۇش ماتېرىيال ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى ھەم دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلى بەردى؛ ئالىي مائارىپ باسقۇچىدا، «مۇكاپاتلاش، ياردەم پۇلى بېرىش، قەرز بېرىش، دەرستىن سىرت ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش، كەچۈرۈم قىلىش»تىن ئىبارەت كۆپ بىر گەۋدىلەشكەن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىستېمىسى ئارقىلىق، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە ئوڭۇشلۇق كىرىشى ھەم ئوقۇشنى تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاسپىرانتلار مائارىپى باسقۇچىدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى مۇكاپاتى ھەمدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمەن قىلدى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مەبلىغى 2016 - يىلىدىكى 2 مىليارد 790 مىليون يۈەندىن 2019 - يىلىدىكى 7 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە كۆپەيگەن، 2019 - يىلىدىلا نەپكە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچى 4 مىليون 800 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا «ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىپ، نەچچە ئونمىڭ نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ كىشىلىك ھايات ئارزۇسىنى يورۇتۇپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلاد ئارا داۋاملىشىشىنى ئۈنۈملۈك توستى.

## ئۇمۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلەشتى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۇ لۇپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇمۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى تولۇق قاپلىغان، ئاھالىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق ئارخىپى، ئېلېكترونلۇق كېسەل تارىخى، پۈتۈن خادىملارنىڭ نوپۇسىنى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان داۋالاش - سەھىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسى ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئاساسىي داۋالاش ئۇچۇر سىستېمىسىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايون ئۇمۇمىي خەلق ساغلاملىق ئۇچۇرى سۇپىسىنى قۇرۇپ، يۇقىرىدا دۆلەت ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ئۇچۇرى سۇپىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش، تۆۋەندە شەھەر، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك نوپۇس ساغلاملىق ئۇچۇر سۇپىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ھەمدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سۇپىلارنى ئۇلچەملەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 245 داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ دوختۇرخانا ئۇچۇر سىستېمىسى، ئېلېكترونلۇق كېسەل تارىخى ۋە كلىنىكىلىق تەجرىبە قىلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئۇچۇر سىستېمىسىنى ئۇلاش ۋە 1451 ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىنىڭ ئۇچۇرىنى سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى يۆتكەش تاماملاندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى، ئامموۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى قاتارلىق سەككىز سەھىيە - ساغلاملىق كەسىپ ئۇچۇرى سىستېمىسى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ئۇچۇر سۇپىسىغا ئۇلىنىپ، سانلىق مەلۇماتنى ئورتاق بەھرىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىچە داۋالاش، ساغلاملىق مۇلازىمەت ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتى بۇلۇت سۇپىسى بەرپا قىلىپ، «ئالاقە تورى+ داۋالاش، ساغلاملىق» مۇلازىمەت ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، «نوپۇسنى تولۇق قاپلىغان، پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىككە ئىگە، تولۇق خىزمەت تەرتىپى بولغان» داۋالاش، ساغلاملىق بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى مېخانىزمىنى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىرتۇتاش ئالدىن كېلىشىپ دىياگنوز قويۇش، داۋالاش بويىچە خەلققە قولايلىق يارىتىش مۇلازىمىتى ئەمەلىي قوللىنىشچان يۇمشاق دېتالىغا ئۇلىنىپ، خەلققە قولايلىق كۆزنەك تور ۋە «ساغلام شىنجاڭ APPسى» ئارقىلىق ۋاقىت بۆلىكىگە ئايرىپ ئالدىن كېلىشىپ نومۇر ئېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر بۇ ئەمەلىي قوللىنىشچان يۇمشاق دېتالىغا ئۇلانغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 - دەرىجىلىك (2 - دەرىجىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)تىن يۇقىرى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى داۋالاش ئاپپاراتى 169غا يەتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ يىراق مۇساپىلىك داۋالاش مۇلازىمىتى بۇلۇت سۇپىسغا تايىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ۋە شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا بىلەن 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىك دوختۇرخانىنىڭ يىراق مۇساپىلىك داۋالاش ھەمكارلىشىش تورىنى بەرپا قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ يىراق مۇساپىلىك داۋالاش بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك داۋالاش ئاپپاراتلىرى جەمئىي 73 مىڭ 809 قېتىم يىراق مۇساپىلىك ئادەتتىكى بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش، 8334 قېتىم جىددىي كېسەلگە بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش، 257 مىڭ 198 قېتىم يىراق مۇساپىلىك شىندىيەنتۇ ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش، 4344 قېتىم يىراق مۇساپىلىك تەسۋىر سۈرەت ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش، 10 مىڭ 548 قېتىم يىراق مۇساپىلىك پاتولوگىيەلىك دىياگنوز قويۇشنى قانات يايدۇردى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

## جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى يىلسېرى ئاشتى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىستېمال ئېھتىياجى سىجىل ئېشىش، ئىستېمال قۇرۇلمىسى دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى تېزلىشىش، ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادقا تۈرتكە بولۇش رولى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىشتەك مۇھىم باسقۇچقا كىرىپ، ئومۇمىي جەمئىيەتنىڭ يىلسېرى ئېشىش، قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈش، ئىستېمال ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر نامايان بولدى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2016 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 305 مىليارد 520 مىليون يۈەن بولغان، 2017 - يىلى، جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 324 مىليارد 980 مىليون يۈەن بولغان، 2018 - يىلى، جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 342 مىليارد 910 مىليون يۈەن بولغان، 2019 - يىلى، جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 361 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولغان.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلەر ئىستېمالىدا مىقدارنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن سۈپەتنى ئاشۇرۇشنى قوغلىشىشقا يۈزلىنىش، شەكىللىك ماددىي مەھسۇلاتلاردىن تېخىمۇ كۆپ مۇلازىمەت ئىستېمالىغا يۈزلىنىش قاتارلىق بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر نامايان بولدى. ئىستېمالنىڭ تەمىنات تەرەپلىك بازار سۇبيېكتى ئىستېمال دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىدەك چوڭ يۈزلىنىشكە پائال ماسلىشىپ ۋە ئۇنى ئىگىلەپ، تەمىناتتا يېڭىلىق يارىتىش، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تېخىمۇ زور ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچى قوزغىتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلېكترونلۇق سودا، توردا مال سېتىۋېلىش تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، يېڭىچە ئىستېمال ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، ئىستېمال دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئۇچراشماي تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، ئادەمسىز پارچە سېتىش، بىۋاستە كۆرسىتىپ پارچە سېتىش قاتارلىق ئىستېمال يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى شەكلى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئىستېمال بازىرىدا يېڭى ئەندىزە، يېڭى قىزىق نۇقتا بارلىققا كەلدى. بۇلتۇر، شىنجاڭ ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ توردا سېتىش پارچە سوممىسى 37 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يەتتى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

بۇ يىل، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئۈنۈمەلىك تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» قاتارلىق بىر قاتار ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ، يېمەك - ئىچمەك، سودا سارايى قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى قوللىدى، ھەرقايسى جايلار ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈردى. يېقىندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلغان «100 كۈندە 1000 كارخانا شىنجاڭغا مەركەزلىك مەنپەئەت يەتكۈزۈش» ئىستېمال پەسلى پائالىيىتىدە، يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش، ساقلانما مىقدارنى مۇقىملاشتۇرۇش، مىقدارنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى، بۇ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئاپتوموبىل، تەييار ماي، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە چېتىلىپ، ئىستېمال قىزىق نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىستېمالنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمال بازىرىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىگە كۈچ قوشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نازارەت قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنى مەشغۇلات تەرتىپىنى بىۋاستە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ناھايىتى تېزلا نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى بىللە ئىشلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«مەن ھازىر كەنتنىڭ پايچىكى بولۇپ قالدىم، كەنت كوللېكتىپ كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم» دېدى كەنت ئاھالىسى چېن فېڭشېڭ.

«ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق، بىرقىسىم تەجرىبىلەر توپلىنىپ، بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى تېپىپ چىقىلىپ، باشقا كەنتلەر مۈلۈك ھوقۇقى ئىسلاھاتىدا ئەگىرى يولنى ئاز مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. پۈتۈن ناھىيەدىكى 63 مەمۇرىي كەنت بۇ يىل بۇ تۈردىكى خىزمەتنى تاماملايدۇ، ۋەزىپە ناھايىتى مۈشكۈل، لېكىن بىز چوقۇم ياخشى ئورۇندىيالايمىز» دېدى بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى شىڭلى.

### ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىندى، ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى

«خۇ شۇجى، كەنتتە ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پاي قوشقان كەنت ئاھالىلىرى راستىلا پۇل ئالالامدۇ؟» بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، دۆربىلجىن كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئەسلىدە كەنتتىكى كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى، كەنت ئاھالىسى جاۋ جىچېڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇ يۈۋېنىڭ پېشىنى تارتىپ بۇ سوئالنى سورىدى. «ئەلۋەتتە ئالالايدۇ، كەنت كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى، پۇلنى ئەلۋەتتە كۆپچىلىك بىرلىكتە تاپىمىز» دەپ جاۋاب بەردى خۇ يۈۋېن قەتئىيلىك بىلەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، دۆربىلجىن كەنتى كۆپ قېتىم كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى ئېچىپ، كەنتتىكى ئەسلىدىكى شىنخەي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى شىنخەي كوللېكتىپ ئىگىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، كەنت كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى قولاي شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

«نۆۋەتتە 29 كەنت ئاھالىسى كەنت كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قاتناشتى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ فالىيەن مۇنداق دېدى: يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن پايدىلىنىپ، يەر ھۆددىگە بېرىش، كالا - قويلارنى ھۆددىگە بېرىش، دۇكان ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق كەنت كوللېكتىپ كەسپىدىن بەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، كوللېكتىپ مۈلۈك كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردۇق.

نۆۋەتتە، دۆربىلجىن كەنتىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ يىلنىڭ يىل بېشىدىن بۇيان، كوللېكتىپنىڭ 2875 مو يېرىنى ھۆددىگە بېرىشتىن قىلىنغان كىرىملا 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئېشىنچا پايدىسى 60 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، كىشى بېشىغا 2000 يۈەن ئەتراپىدا پايدا تەقسىملەندى. «كۆپچىلىك ھازىر بىر نىيەتتە بولۇپ، كەنت ‹ئىككى كومىتېت›نىغا ئەگىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ» دېدى جاۋ جىچېڭ.

### «يەر»گە دائىر ئىشلار مۇۋاپىق، ياخشى ئىشلەندى

دۆربىلجىن كەنتىدە 8000 مو تېرىلغۇ يەر بار، دېھقان - چارۋىچى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى كەنتنىڭ تېرىقچىلىق ئەۋزەللىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، «يەر»گە دائىر ئىشلارنى مۇۋاپىق، ياخشى ئىشلىدى.

«شۇ ئاكا، بۇ يىلقى ھوسۇل قانداقراق؟ خىزمەت ئەترىتىمىز ياردەم قىلىدىغان ئىشلار بولسا دەۋېرىڭ.» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى گاۋ دۇڭخۇي كوچىمۇ كوچا مېڭىپ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈزلۈك يىغىم ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

«بۇ يىل 80 مو يەرگە گازىر تاۋۇزى تېرىدىم، ھەر مو يەردىكى تاۋۇزدىن 110 كىلوگرام ئەتراپىدا تاۋۇز گازىرى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، ھېسابلاپ باقسام 150 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىكەنمەن، پايدا تەقسىملەنگەن پۇلنى قوشقاندا، بۇ يىلقى كىرىمىم يامان ئەمەس بولغۇدەك» دېدى كەنت ئاھالىسى شۇ جىنيەن خۇشال ھالدا.

كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ۋە خىزمەت ئەترىتى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن بىللە، دۆربىلجىن كەنتىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، بازار ئېھتىياجىنى چىڭ كۆزلەپ، شال، بەنلەنگېن، لىۋلەنشياڭ قاتارلىق يېڭى ئىقتىسادىي زىرائەت سورتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى 500 مىڭ يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ 1000 مو تېرىلغۇ يەرگە تېمىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلمىسىنى ئورناتتى؛ ماشىنىلارنى ماسلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ ئېرىق - ئۆستەڭ، تىندۇرۇش كۆلچىكىدىكى لاتقىلارنى تازىلىدى؛ كەسپىي تېخنىك خادىملار بىلەن ئالاقىلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېتىز پەرۋىشى، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، خاس تېرىقچىلىق زىرائەتلىرىنى ئورۇش - يىغىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مەخسۇس تەربىيەلەش ئېلىپ باردى.

«بىز يېزا مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن كەنتتىكى ئەۋزەل كەسىپلەرنى توپلاپ بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، ئېلېكترونلۇق سودا بازىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جانلاندۇرۇپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش مەقستىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى خۇ يۈۋېن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)